# ئەگەر ئاللاھ تائالا قەلبىڭلەردىن رەھمەتنى تارتىۋەتسە مەندە نېمە ئامال!

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەرەب بەدەۋىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: سىلەر باللىرىڭلارنى سۆيۈپ قويامسىلەر؟ دېگەندە رەسۇلۇللاھ: ھەئە سۆيۈپ قويىمىز، دېدى. ئۇلار بىز باللىرىمىزنى سۆيمەيمىز، دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ تائالا سېنىڭ قەلبىڭدىن رەھمەتنى تارتىۋەتسە مەندە نېمە ئامال! دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بەدەۋى ئەربلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى: سىلەر باللىرىڭلارنى سۆيۈپ قويامسىلەر؟ دېگەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: شۇنداق، دېدىي (بەدەۋى ئەرەبلەردە قوپاللىق ۋە توڭلۇق ئادىتى بار ئىدى)، ئۇلار: بىز باللىرىمىزنى سۆيۈپ قويمايمىز، دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ تائالا قەلبىڭلاردىن رەھىمدىللىكنى تارتىۋەتسە، مەن ئۇنى قەلبىڭلارغا سېلىشقا، ئورنۇتۇشقا قادىر بولالمايمەن، دېدى. «دەلىل ئەلفالىھىن» 3-توم 9-10- بەت «رىيازۇس سالىھىن» ئىبنى ئۇسەيمىين2- توم 553،554- بەتلەر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4251